دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# ئۆتكەن كۈنلەر

ئابدۇللا قادىرى (ئۆزبېكىستان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئابدۇللا قادىرى ( ئۆزبېكىستان )

# ئۆتكەن كۈنلەر

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

在过去的岁月里：维吾尔文/（乌兹别克斯坦）阿布都拉·卡得里著. －乌鲁木齐：新疆人民出版社，1982.1
（2008.1重印）
ISBN 978－7－228－01757－1

Ⅰ.在… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说－乌兹别克斯坦－现代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I362.45

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第028690号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 热娜古丽·阿不力米提，阿依古丽·阿西木 |
| 封面设计 | 买买提·诺拜提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827172 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　　张 | 16.625 |
| 版　　次 | 1982年1月第1版 |
| 印　　次 | 2008年1月第3次印刷 |
| 印　　数 | 6001－11000 |
| 书　　号 | ISBN 978－7－228－01757－1 |
| 定　　价 | 39.00元 |

# مۇھەررىردىن

ئابدۇللا قادىرى 1894 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئاتىسى ئەسلىدە سودىگەر بولۇپ، كېيىن تىجارەتتە سۇنۇپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھاللىق دېھقانلاردىن بولغان ئاتىسى ئوغلىنى ئاۋۋال دىنىي مەكتەپتە، كېيىن يەرلىك رۇس مەكتىپىدە ئوقۇتقان ھەم ئۇنىڭغا تۇرلۇك كەسىپلەرنىمۇ ئۆگەتكەن. ئابدۇللا قادىرى مۇستەقىل ھايات يولىغا كىرگەندىن كېيىن تاشكەنتلىك بايلارنىڭ بىرىدە پىركازچىك ۋە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن خەلق ساقچى ئورۇنلىرىدا، سوۋېت ئوزۇق ـ تۈلۈك كومىتېتلىرىدا، ئىجتىمائىي تەمىنات ئىدارىلىرىدە خىزمەت قىلغان.

ئابدۇللا قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ «مىللىتىمگە»، «ئەھۋالىمىز» قاتارلىق شېئىرلىرى، «جۇۋانباز»، «كەلۋەك مەخسۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن»، «تاشپۇلات تەجەڭ نېمە دەيدۇ» قاتارلىق ھېكايىلىرى، «بەختسىز كۈيئوغۇل» قاتارلىق دراملىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ مەتبۇئاتلاردا «جۇلقۇنباي»، «دۇمبۇل»، «كەلۋەك مەخسۇمنىڭ جىيەنى»، «جىيەن»، «ساۋرىنباي»، «ئاۋسەر»، «دۇمبۇلنىسا» قاتارلىق تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن.

ئۇنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» (1925 ـ يىلى)، «مېھرابتىن چايان» (1929 ـ يىلى) قاتارلىق رومانلىرى، «ئابىد كەتمەن» (1934 ـ يىلى) قاتارلىق پوۋېستلىرى بار.

«ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدا ئۆزبېك خەلقىنىڭ XIX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ھاياتى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن يورۇتۇلغان . ئاپتور ئاتابېك بىلەن كۈمۈش بىبىدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە تراگېدىيىسىنى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەقەلەر مۇھىتىدا ئىنتايىن ئىنچىكە بايان قىلىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

بۇ رومان بۇنىڭدىن 80 نەچچە يىل بۇرۇن يېزىلغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بەدىئىي قۇۋۋىتى ۋە سېھرىي قۇدرىتى بىلەن ھازىرغىچە كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ كەلمەكتە .

# مۇندەرىجە

ئاپتوردىن ........................................ 1

## بىرىنچى بۆلۈم

ئاتابېك يۈسۈپبېك ھاجى ئوغلى ........................ 3
خان قىزىغا لايىق بىر يىگىت ........................ 12
بېك ئاشىق ........................................ 23
مەرغىلاننىڭ ھاۋاسى ياقمىدى ........................ 27
كۈيئوغلۇق بولسا شۇنداق بولسا ...................... 32
تاشكەنت ئۈستىدە قانلىق بۇلۇتلار .................... 40
مەجبۇرىيەت ........................................ 45
قۇتلۇق بولسۇن ...................................... 51
كۈتۈۋېلىش ......................................... 59
توي ، قىزلار ئولتۇرۇشى ............................. 65
كۈتۈلمىگەن بەخت .................................... 75
چېقىمچىلىق ......................................... 82
سولاق ............................................ 88
نىجات تىلەپ تاشكەنتكە ............................. 100
تاشكەنت مۇھاسىرىدە ................................ 104

ئەزىزبەگ ............................ 109
يۈسۈپبېك ھاجى ............................ 115
جاكار ............................ 120
ھۆكۈمنامە ............................ 127
ئىستىقبال دەردى ............................ 139
ئىسيان ............................ 144
«بىر غېرىب بىچارە» ............................ 151
مۇسۇلمانقۇل ............................ 159

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئاتا ـ ئانا ئارزۇسى ............................ 173
ئۈنتۇمامسىز... ............................ 186
قاپاق دىۋانىنىڭ بەلبېغى ............................ 207
جادۇگەر ھىندى ............................ 213
خىيانەت ............................ 228
ئىسسىتما ئارىسىدا ............................ 238
قوغلىنىش ............................ 249
بەخت ۋە بەختسىزلىك ............................ 261
ئۈنتۇيالمىسا نېمە قىلسۇن... ............................ 281
قارا كۆڭلەر ............................ 286
ناۋا كۈيى ............................ 294
جانسىز بىر خەۋەر ۋە قورقۇنچلۇق بىر تۈن ............................ 300
كۆلۈپ قارىمىغان بەخت ............................ 305

دۈشمەن ئىزىدىن ........................................ 323
دۈشەنبە كۈنى كېچىسى .............................. 338
ئۆزىنى تونۇتۇش ........................................ 344
خەيرخاھ قاتىل ............................................... 352

## ئۈچىنچى بۆلۈم

مۇسۇلمانقۇل ئىستىبداتىغا خاتىمە ........................... 373
قاراڭغۇ كۈنلەر ............................................... 388
قىرغىن .......................................................... 397
ئانىنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ ......................... 407
مەكتۇپ ............................................................ 412
ئۆزبېك ئايىم — ئاغىمچى ، زەينەپنىڭ دەردى .............. 415
قۇدىلارنى كۈتۈۋېلىش ................................... 426
يوشۇرۇن ئاداۋەت ...................................... 432
ھاجى قول سىلكىدى ...................................... 439
ھەسەن ئەلىنىڭ ھىيلىسى ................................... 442
كۈمۈشنىڭ سۆز ئويۇنى ....................................... 450
كۈنداش — كۈنداشتۇر ................................... 459
ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز ................................... 477
خۇشرۇي بېبى ۋە زەينەپ .................................. 489
ئېسىنى كىرگۈزدى .......................................... 495
ئاي - كۈنى يېقىن ئىدى ......................................... 502
خاتىمە ............................................................... 521

# ئاپتوردىن

ھازىر بىز يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدۇق، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، بىز ھەربىر يوسۇنلاردىمۇ شۇ يېڭى دەۋرنىڭ يېڭىلىقلىرى كەينىدىن ئەگىشىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش داستانچىلىق، رومانچىلىق ۋە ھېكايىچىلىقلاردىمۇ يېڭى ئەسەرلەر يارىتىشقا، خەلقىمىزنى مۇشۇ زاماننىڭ «تاھىر ۋە زۆھرە»لىرى، «چاھار دەرۋىش»لىرى، «پەرھاد ــ شېرىن» ۋە «بەھرامگور»لىرى بىلەن تونۇشتۇرۇشقا ئۆزىمىزدە مەجبۇرىيەت ھېس قىلىمىز.

مەن يېزىشقا نىيەتلەنگەن بۇ «ئۆتكەن كۈنلەر» يېڭى زامان رومانچىلىقى بىلەن تونۇشۇش يولىدا كىچىككىنە بىر تەجرىبە، يەنىمۇ توغرىسى بىر ھەۋەستۇر. ھەربىر ئىشنىڭمۇ يېڭى باشلانغۇچ دەۋرىدە نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بىلەن مەيدانغا چىقىشى، ئەھلىلىرىنىڭ يېتىشىشلىرى بىلەن ئاستا ــ ئاستا تۈزىلىپ، تولۇقلىنىشقا يۈز تۇتۇشى تەبىئىي بىر ھالدۇر. مانا شۇنىڭ سايىسىدە مەن بۇ ھەۋەسىم يولىدا جاسارەت قىلدىم، ھەۋەسكارلىق نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان كەمچىلىك ۋە خاتالاردىن چۆچۈپ تۇرمىدىم.

ئۆتمۈشكە قايتىپ ئىش كۆرۈش خەيرلىك دېيىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ماۋزۇنى ئۆتمۈشتىن، يېقىنقى ئۆتكەن كۈنلەردىن، تارىخىمىزنىڭ ئەڭ كىر، قارا كۈنلىرى بولغان كېيىنكى «خان زامانلىرى»دىن بەلگىلىدىم.

ئابدۇللا قادىرى (جۇلقۇنباي)
1926 ــ يىلى 5 ــ ئاي

# 1

## ئاتابېك يۇسۇپبېك ھاجى ئوغلى

1254 ـ ھىجرىيە يىلى ، دەلۋە[1] ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچىسى ، قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ، كۈن پاتقان ، ئەتراپتىن نامازشام ئەزىنى ئاڭلىنىدۇ...

دەرۋازىسى شەرقىي جەنۇبقا قارىتىپ قۇرۇلغان بۇ داڭلىق سارايىنى تاشكەنت ، سەمەرقەنت ۋە بۇخارا سودىگەرلىرى ئىگىلىگەن ، سارايدىكى بىر ـ ئىككى ھۇجرىدىن تاشقىرى ھەممە ھۇجرىلار مۇساپىرلار بىلەن تولغان . ساراي ئەھلى كۈندۈزلۈك ئىش ـ پىشلىرىدىن بوشاپ ھۇجرىلىرىغا يېنىپ كېلىشكەن ، نۇرغۇن ھۇجرىلار كەچلىك ئاش ئېتىش بىلەن مەشغۇل ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزدىكىگە قارىغاندا ساراي جانلىق . ئادەملەر ئۈنلۈك سۆزلىشىشلىرى ، قاقاقلىشىپ كۈلۈشلىرى بىلەن سارايىنى باشلىرىغا كىيىشىدۇ .

سارايىنىڭ تۆرىدە باشقىلىرىغا قارىغاندا سۆلەتلىكرەك بىر ھۇجرا ، ئاۋۇ ھۇجرىلارغا كىگىز سېلىنغان بولسا ، بۇ ھۇجرىدا قىپقىزىل گىلەم ؛ ئۇلاردا ماتا كۆرپىلەر قويۇلغان بولسا ، بۇنىڭدا يىپەك ۋە ئەتلەس كۆرپىلەر ؛ نېرىقىلاردا قارا چىراغ سېسىغاندا ، بۇ ھۇجرىدا شام يانىدۇ . باشقا ھۇجرىلاردا يېنىك تەبىئەتلىك چاقچاقچى ئادەملەر بولسا ، بۇ ھۇجرىنىڭ ئىگىسىمۇ باشقىچە يارىتىلىشتا : ئېغىر تەبىئەتلىك ، يوغان گەۋدىلىك ، چىرايلىق ۋە

---

1 دەلۋە ئېيى — يانۋار ئېيى ، يەنى قىش ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ .

ئاق يۈزلۈك ، كېلىشكەن قارا كۆزلۈك ، مۇتاناسىپ قارا قاشلىق ۋە ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان بىر يىگىت ! بەس ، بۇ ھۇجرا بىنا ۋە جاھاز يېقىدىن ھەم ئىگە جەھەتتىدىن كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىدىق ئىدى . قانداقتۇر بىر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرغان بۇ يىگىت تاشكەنتنىڭ مەشھۇر مۆتىۋەرلىرىدىن بولغان يۇسۇپبېك ھاجىنىڭ ئوغلى — ئاتابېك .

ساراي دەرۋازىسىدىن ئىككى كىشى كىرىپ كېلىپ ، ئۇلاردىن بىرى دەرۋازا يېنىدىكى كىمدىندۇر سورىدى :

— ئاتابېك مۇشۇ سارايغا چۈشكەنمۇ ؟

بىزگە تونۇش ھۇجرا كۆرسىتىلىشى بىلەن ئۇلار شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ، گەۋدىسى كىچىك ، ئۆزى تولۇق كەلگەن ، ئازغىنە ساقال ـ بۇرۇتى بار ، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت بولۇپ ، مەرغىلاننىڭ بايلىرىدىن زىيا شايىچى دېگەننىڭ رەھمەت ئاتلىق ئوغلىدۇر ؛ يەنە بىرى ، ئۇزۇن بويلۇق ، قارا چوقۇر يۈزلۈك ، چېقىر كۆزلۈك ، چۇۋاق ساقال ، ئوتتۇز بەش ياشلاردا بار كۆرۈمسىزگىنە بىر كىشى ئىدى . بۇ يىگىت تۇزۇكلا دۆلەتمەن بولسىمۇ ، لېكىن شۆھرىتى نېمىشقىدۇر بايلىقى بىلەن بولمىغان ، يەنى ئۇ «ھامىد خوتۇنباز» دەپ شۆھرەت قازانغان ، كىشىلەر ھامىدنىڭ كەينىدىن سۆز قىلىشقاندا ئۇنىڭ ئېتىغا قوشۇلغان لەقىمىنى بىللە ئېيتمىسا ، يالغۇز «ھامىد باي» دېيىش بىلەن ئۇنى تونۇتۇشالمايتتى .

ھامىدنىڭ ئاتابېك بىلەن تونۇشلۇقى بولمىسىمۇ ، رەھمەتكە يېقىن تۇغقان — زىيا شايىچىنىڭ قېينىنىسى ، رەھمەتنىڭ تاغىسى .

ئۇلارمۇ ھۇجرىغا كىرىپ كېلىشتى . ئاتابېك كەلگەنلەرنى ھۆرمەتلەپ كۈتۈۋالدى .

— بىزنى كەچۈرىسىز ، بېك ئاكا ! — دەپ رەھمەت ئۆزرە ئېيتتى .

— ۋاقتىسىز كېلىپ سىزنى بىئارام قىلدۇق .

ئاتابېك ئۇلارغا تۆردىن جاي كۆرسىتىۋېتىپ ، يېقىملىق بىر هالەتتە :

— بىئارام قىلمىدىڭلار ، تەتۈرسىچە خۇشال قىلدىڭلار ، — دېدى ، — شەهىرىڭلارغا بىرىنچى قېتىم كېلىشىم بولغىنى ئۈچۈن تونۇشسىزلىق ، يالغۇزلۇق مېنى بەك زېرىكتۈرگەنىدى .

شۇ ئارىدا هۇجرىغا بىر بوۋاي كىرىپ ، ئۇمۇ مېھمانلار بىلەن تىنچلىق سورىشىپ چىقتى . بۇ بوۋاي ھەسەن ئەلى ئاتلىق بولۇپ ، ئاتمىش ياشلار چامىسىدا ، سوزۇق يۈزلۈك ، ماڭلىيى دوقىراق كەلگەن ، سېرىققا مايىل يۇمىلاق ، قارا كۆزلۈك ، ئاپئاق ئۇزۇن ساقاللىق ئىدى . ساقىلىنىڭ ئاقلىقىغا قارىماستىن ئۇنىڭ قەددىدە قېرىلىق ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى ۋە رەڭگىدىمۇ ئانچە ئۆزگىرىش يوق ئىدى .

ئاتابېك مېھمانلارنى سەندەلگە ئولتۇرغۇزۇپ ، دۇئادىن كېيىن ھەسەن ئەلىدىن سورىدى :

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق ، ئاتا ؟

— خۇداغا شۈكۈر ! — دېدى ھەسەن ئەلى ، — بايىقىدىن بىرئاز يېنىكلەشتىم ، مەلۇم بولۇشىچە ئىس تەگكەنىكەن .

— بەزى ئىشلارنى بۇيرۇسام…

— بۇيرۇڭ ، ئوغلۇم .

— رەھمەت ، ئاتا ، بولمىسا بىزگە چاي قاينىتىپ بېرىڭا !

— خوپ ، بېگىم !

ھەسەن ئەلى چىقتى . رەھمەت ئاتابېك بىلەن يەنە بىر قېتىم ساقلىق سوراشقاندىن كېيىن سورىدى :

— بۇ ئادەم كىمىڭىز بولىدۇ ، بېك ئاكا ؟

ئاتابېك رەھمەتنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي ئىشىككە قارىدى ، ھەسەن ئەلىنى ھۇجرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ ، ئاندىن جاۋاب بەردى :

— قۇلىمىز .

بۇ سۆزدىن نېمە ئۈچۈندۇر ھامىد ئەجەبلەندى :

— قۇلىڭىز ؟

— شۇنداق .

ھەسەن ئەلىنى بالا چېغىدا ئىمراندىن ئادەم ئوغرىلاپ كېلىدىغان بىر كىشىنىڭ قولىدىن ئاتابېكنىڭ بوۋىسى ئون بەش تىللاغا سېتىۋالغانىدى . ھەسەن ئەلىنىڭ ئاتابېكلەر ئائىلىسىگە كەلگىنىدىن بۇيان ئەللىك يىللارچە زامان ئۆتتى ، ئەمدى ئۇ ئاتابېكلەر ئائىلىسىنىڭ ھەقىقىي بىر ئەزاسى بولۇپ كەتكەن ، خوجىسى يۇسۇپبېك ھاجىغا ، بولۇپمۇ خوجىزادىسى ئاتابېككە ئىتائەتمەن ۋە ئىخلاسمەن بولۇپ ، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلاردىنمۇ ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت كۆرەتتى . ھەسەن ئەلى ئوتتۇز ياش ۋاقتىدا سېتىۋېلىنغان بىر دېدەك خوتۇنغا ئۆيلەپ قويۇلغان بولسىمۇ ، ئەمما ئوغۇل ، قىزلىرى بولمىغان . بولسىمۇ كىچىككىدە ئۆلۈپ كېتىشكەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، ئۇ ئاتابېككە ئىخلاس قويۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك قارايتتى : «ئۆلگىنىمدىن كېيىن روھىمغا بىر كەلىمە قۇرئان ئوقۇسا ، بىر چاغلاردا ھەسەن ئەلى ئاتىمۇ بار ئىدى ، دەپ يادىغا ئالسا ، ماڭا شۇ يېتىدۇ !» دېگەن قارارغا كەلگەن ۋە ھازىردىن باشلاپ ئاتابېككە بۇ توغرىدا تاپشۇرۇقلار بېرىپ ، ئۇنىڭدىن سەمىمىي ۋەدىلەرنى ئېلىپ يۈرگۈچى ئاق كۆڭۈل بىر قۇل ئىدى .

ھەسەن ئەلى ئۇستىدە بولغان ھېلىقى گەپتىن كېيىن رەھمەت سورىدى :

— تاشكەنتتىن نېمىلەرنى ئەكەلدىڭىز ، بېك ئاكا ؟

— ئانچىكى بىرنېمىلەر : گەزمال ، ئاياغ كىيىم ۋە قازان .

— مەرغىلاندا گەزمال بىلەن ئاياغ كىيىمنىڭ بازىرى چاققان ، — دېدى ھامىد .

ئاتابېك قايچا بىلەن شامنىڭ پوتلىسىنى كېسىپ تۈزەتتى . ئاردا ياتسىراشقا ئوخشاش بىر ھال بار ئىدى ، نېمىشقىدۇر بىر سۆزلەپ ئىككى توختىشاتتى . بۇ ئەپسىز ھالەتتىن چىقىش ۋە سۆزنى سۆزگە ئۇلىغۇبتىش ئۈچۈن رەھمەت تىرىشقاندەك كۆرۈنەتتى :

— مەرغىلان كۆڭلىڭىزگە قانداق چۈشتى ، بېك ئاكا ، ياقتىمۇ ؟ يا…

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىغا ئاتابېك ئىككىلەنگەندەك ۋە ئەپسىز-لەنگەندەك بولدى :

— نېمە دېسەم بولار . مەرغىلان ھەرھالدا… ياقتى ، مەرغىلان تۈركىستانىمىزنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىدە بىرىنچى شەھەردۇر .

ئىككىلىنىپ بېرىلگەن بۇ جاۋابتىن ھامىد بىلەن رەھمەت بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىشتى . ئاتابېك بۇ ھالەتنى سەزدى ۋە ئۆزىنىڭ سۆزىنى كۆلكىگە سېلىپ ئىزاھ بەردى :

— كەلگەن كۈنلىرىمىزدىن بۇيان مەرغىلانىڭلار ماڭا ياقماي تۇرۇۋېدى . چۈنكى تونۇشلىرىم يوق ، مۇساپىرچىلىق بىلىنىپ قېلىۋاتقانىدى . ئەمدى مۇشۇ سائەتتىن باشلاپ ، مەرغىلاندىن رازىمەن . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ، يوقلاپ كېلىدىغان سىلەرگە ئوخشاش قەدىردانلارمۇ بار ئىكەن !

— كەچۈرۈڭ ، بېك ئاكا ! دېدى رەھمەت ، — مەن سىزنىڭ مەرغىلانغا كەلگەنلىكىڭىزنى بۈگۈن ئاتامدىن ئاڭلىدىم ، بولمىسا ئەلۋەتتە سىزنى زېرىكتۈرمەيتتىم !

— راستمۇ ؟

— توغرا گەپ ! — دېدى رەھمەت ، — ئاتام تاشكەنتكە بارغاندا توپتوغرا سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىپ چۈشسۇنۇ ، سىز سارايغا چۈشۈڭ ! بۇ يېقىنغا كەلگەندە سىزدىن بىز كۆڭۈل ئاغرىتساق بولىدۇ !

— ھەققىڭىز بار ، — دېدى ئاتابېك ، — ئەمما بىرىنچىدىن ، سىلەرنىڭ ھويلىنى سوراشتۇرۇپ تېپىش ماڭا تەسرەك بىلىندى ؛ ئىككىنچىدىن ، مېلىمىزنى ئارتقان تۆگىچىلەرگە مۇشۇ ساراي تەيىن قىلىنغانىدى .

— ھەر ھالدا بۇ ئۆزرە ئەمەس !

ھەسەن ئەلى داستىخان سېلىپ چۆگۈندە چاي ئېلىپ كىردى . ئادەتتىكى تەكەللۇپلار بىلەن داستىخان ۋە چايغا قارالدى . ھامىد

نانى شىرنىغا تەگكۈزۈۋېتىپ سورىدى :

— يېشىڭىز نەچچىدە ، بېك ؟

ئاتابېكنىڭ لېۋى قىمىرلىماي تۇرۇپ ، چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان ھەسەن ئەلى جاۋاب بەردى :

— بېككە خۇدا ئۆمۈر بەرسە ، بۇ يىل ئاخىرلاشسا ، توپتوغرا يىگىرمە تۆت ياشقا قەدەم قويىدۇ !

— يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىممۇ ، ئاتا ؟ — دېدى بېك . — راستىنىلا نەچچە ياشقا كىرگىنىمنى بىلمەيمەن .

— يىگىرمە تۆت ياشقا كىردىڭىز ، بېك .

ھامىد يەنە سورىدى :

— ئۆيلەنگەنمۇ سىز ؟

— ياق .

ھەسەن ئەلى ئاتابېكنىڭ يالغۇز «ياق» بىلەن توختىشىغا قانائەتلەنمىدى ۋە بۇ توغرىدا ئۆز تەرىپىدىن ئىزاھلار بېرىشنى لازىم تاپتى :

— بېك ئۈچۈن بىرنەچچە جايلاردىن قىز سورىتىلماقچى بولۇنغان بولسىمۇ ، ئاۋۋال تەقدىرى پۈتمىگەنلىك ، ئۇنىڭدىن كېيىن بېكنىڭ ئۆيلىنىشكە بولغان قارشىلىقىدىن بۇ چاغقىچە توي قىلماي كەلدۇق . ئۇلۇغ خوجىمىزنىڭ قەتئىي نىيىتى بۇ سەپەردىن يانغاندىن كېيىن بېكنى ئۆيلەندۇرۇشتۇر !

— مېنىڭچە ئۆيلىنىشتەك نازۇك بىر ئىش دۇنيادا يوق ، — دېدى رەھمەت ۋە ئاتابېككە قارىدى ، — ئۆيلەنگەن خوتۇنۇڭ مىجەزىڭگە مۇۋاپىق كەلسە ، بۇ تولا ئوبدان . بولمايدىغان بولسا بۇنىڭدىن ئېغىر ئىش دۇنيادا بولماس !

ئاتابېك رەھمەتنىڭ بۇ سۆزىنى سەمىمىيەت بىلەن قارشى ئالدى :

— سۆزىڭىزنىڭ توغرىلىقىدا گۇمان يوق ، — دېدى ، — ئەمما شۇنىمۇ قوشۇش كېرەككى ، ئالىدىغان خوتۇنىڭىز سىزگە مۇۋاپىق بولۇشى بىلەن بىللە ئەرمۇ خوتۇنغا مۇۋاپىق مىجەزدە

بولسۇن .

— خوتۇنغا مۇۋاپىق بولۇش ۋە بولماسلىقنىڭ ئانچە كېرىكى يوق ، — دېدى هامىد قارشى چىقىپ ، — خوتۇنلارغا «ئەر» دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزى يېتىدۇ... ئەمما جىيەن ئېيتقاندەك ، خوتۇن دېگەن ئەرگە مۇۋاپىق بولسا بەس .

رەھمەت كۈلۈپ ئاتابېككە قارىدى . ئاتابېكمۇ زاڭلىق ئارىلاش كۈلكە ئىچىدە هامىدقا كۆز قىرىنى تاشلىدى .

— ئۆيلىنىشتىكى ئىختىيارىمىز ، — دېدى رەھمەت ، — ئاتا - ئانىلىرىمىزدا بولغانلىقتىن ، ئالىدىغان كېلىنلىرى ئوغۇللىرىغا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغىلا ياقسا بەس . بۇ توغرىدا ئۆيلىنىدىغان يىگىت ئەرگە تېگىدىغان قىزنىڭ لام - جىم دېيىشىگە ھەققى ۋە ئىختىيارلىرى يوق . بۇ ئادىتىمىز ماقۇل ۋە قانۇنلۇق ئىشلاردىن ئەمەس . مەسىلەن ، مەن ئاتا - ئانامنىڭ ياقتۇرۇشلىرى بىلەن ئۆيلەندىم... ئەمما خوتۇنۇم ئاتا - ئانامغا مۇۋاپىق بولسىمۇ ، ماڭا مۇۋاپىق ئەمەس . سىز ئېيتقاندەك ، ئېھتىمال ، مەن خوتۇنۇمغا مۇۋاپىق ئەمەستۇرمەن... سۆزىڭىز ناهايىتى توغرا ، بېك ئاكا .

ئاتابېك رەھمەتنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى ۋە «سەن نېمە دەيسەن» دېگەندەك قىلىپ هامىدقا قارىدى .

— جىيەن ، — دېدى هامىد رەھمەتكە قاراپ ، - باشتا ئۆيلىنىشنىڭ ئەلۋەتتە ئاتا -ئاناڭ ئۈچۈن بولۇپ ، ئۇلاردىن رەنجىپ يۈرۈشنىڭ ئورنى يوق . خوتۇنۇڭ كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولسا ، مۇۋاپىقنى ئېلىپ ، خوتۇننى ئىككى قىل ! بۇمۇ كېلىشمىسە ، ئۈچىنچىسىنى ئال ! خوتۇنۇم مۇۋاپىق ئەمەس ، دەپ زارلىنىپ ، ھەسرەتلىنىپ يۈرۈش ئەر كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس !

رەھمەت ئاتابېككە كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى - دە ، تاغىسىغا جاۋاب بېرىپ :

— خوتۇننى كۆپەيتىپ ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازابلىنىشنىڭ نېمە ھېكمىتى بولسۇن ؟ — دېدى ، — بىر خوتۇن بىلەن



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com